# 184570 ـ قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئۆسۈشىدىكى سەۋەبلەردىنمۇ؟

## سۇئال

بىر كىشى قۇرئان كەرىمنى ياد ئالغان بولسا، بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى زىيادە بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قۇرئان كەرىم ئىسلام شەرىئىتىدە يولغا قويغان تەلىم-تەربىيە يوللىرى ئارقىلىق، زىرەكلىكنى ھاسىل قىلىشىم قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئىنسانى ئەقىل-پاراسەتنى ئۆستۈرۈش (يەنى پىسخولوگىيە ئىلىملىرى) ئىلمى تەخەسسۇسلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات مەركەزلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىلىق ئاز بولمىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى ۋە كەلمەكتە.

قۇرئان كەرىم ياد قىلغۇچىنىڭ ئۇنى يادلاش جەريانىدا ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەرتىپلىك ئىلمى تەتقىقات ۋە دەرسلىكلەرگە، قۇرئان كەرىم ياد قىلدۇرۇش مەركەزلىرىدە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەرگە تايىنىش، ئوقۇغۇچىنىڭ قۇرئان كەرىم ياد قىلىشتىن ئىلگىرىكى زېھنى قابىلىيىتى بىلەن ياد قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى خەلقئارالىق ئىنچىكە ئەقىل-پاراسەت ئۆلچەش بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش ۋە تەلىم-تەربىيە پەرقىگە رىئايە قىلىش بىلەن قۇرئان ياد قىلغان ئوقۇغۇچىنى قۇرئان ياد قىلمىغان ئوقۇغۇچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ،ئۇنىڭدىن چىققان نەتىجىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك.

بىز مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ لېكىن بىزھازىرغىچە بۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىگە ئىگە بولالمىدۇق.

بىز بۇ يەردە شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىش ۋە تىلاۋەت قىلىش، قەلب پاكلىقى ۋە ئۇنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا بەندىگە بەرىكەت يېتىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەردە تۆۋەندە بېكىتىلگەن بىر قانچە تۆرلۈك ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى:قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىش بەندە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نۇر بولۇپ، ئۇ نۇرنى ئاللاھ تائالا شۇ بەندىنىڭ قەلبىگە تاشلايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە بەرگەن خەۋىرى كۇپايە قىلىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆمىن پۇراقلىق لىمۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي،

تەمى تاتلىقتۇر.قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى يوق، لېكىن تەمى تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، لېكىن تەمى ئاچچىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق ياۋا خەمەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقمۇ يوق، تەممى يوقتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 5020-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 797-ھەدىس].

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىنرىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قەلبىدە قۇرئان كەرىمدىن ھېچنەرسە بولمىغان كىشى خۇددى خارابى ئۆيگە ئوخشايدۇ. [تىرمىزىي رىۋايىتى2913-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئىككىنچى:قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىشئۇنى چۈشىنىش، پىكىر قىلىش ۋە ئويلۇنۇشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، بۇ دىننى تولۇق چۈشىنىشنىڭ ئاساسلىق يولىدۇر. قۇرئان ئۆگىنىش جەريانىدىكى زېرەكلىك بولسا: ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەللەر ھەققىدىكىئايەتلەر كەلگەندە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش. ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان ۋە غەزەپ قىلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدىكى ئايەتلەر كەلگەندە ئۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۈچىنچى: قۇرئان كەرىمدۇنيا_ئاخىرەتتە ئىنساننىڭ بەخت_سائادىتى، خاتىرجەملىك ۋە ئارامىدىللىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەقىل_پاراسەت ۋە زېرەكلىك،ئاسىلىقنىڭ ئاسارىتى ۋە غەم_قايغۇغا توشقانغاپىل قەلب ئىگىلىرى ئۈچۈن تولۇق ھاسىل بولمايدۇ.

تۆتىنچى: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە دۇنيادا ئەقىل_پاراسەت ۋە زېرەكلىك، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنىياد قىلىش بىلەن ئېتىبارغا ئېلىناتتى. بىز ئىلگىرى ئۆتكەن ئىمام تەبەرىي، قۇرتۇبىي، ئىبنى كەسىر، پەخرۇر رازىي، ئىبنى تەيمىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پېشقەدەم تەپسىرسۇناش ئالىملارنىڭ تەرجىمىھاللىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ئوچۇق ئېپادىلىنىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىشنىڭ ئەقىل_پاراسەتنى ئۆستۈرۈشكە زور تۆرتكە بولىدىغانلىقىنىڭ بۈيۈك دەلىل ئىسپاتىدۇر.

بەشىنچى: قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىش بولسا، ھەقىقەتتە ئۇنىكۆپ ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىشتۇر. مۇشۇ ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇ ھاسىل بولدىكى، قۇرئان كەرىم قارىلارنىڭ ئەقىل_پاراستىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىلنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىقۇرئان كەرىم بولسا، سۆزلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ساپ ۋە پاك بولغان سۆزدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.